# نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى



مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ



# نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى

(بۇ كىتاب 1893-يىلى شەمسىددىن ھۇسىيىن ئوغلىنىڭ خىراجىتى بىلەن قازان ئۇنىۋېرسىتېت باسمىخانىسىدا بېسىلغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى : ئەيساجان مۇسا


**مىللەتلەر نەشرىياتى**

**بېيجىڭ**

责任编辑
责任校对 ：胡达百尔的

## 图书在版编目(CIP)数据

阿凡提笑话/（俄罗斯）玉赛因编著；艾沙江译.
北京：民族出版社，2005.4
ISBN 7-105-06888-4

Ⅰ.阿...　Ⅱ.①玉...②艾...　Ⅲ.笑话—作品集—
俄罗斯—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.1521.78

中国版本图书馆CIP数据核字(2005)第026171号

出版发行：民族出版社　http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街14号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2005年5月第1版　2005年5月北京第1次印刷
开　　本：850毫米×1168毫米
印　　张：2.625
印　　数：0001-3000册
定　　价：4.50元

مەسئۇل مۇھەررىر : خۇدا بەردى خېلىل

مەسئۇل كوررېكتور

# خوجا نەسىرىددىن ئەپەندى لەتىپىلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى :ئەيساجان مۇسا


**نەشر قىلغۇچى** : مىللەتلەر نەشرىياتى

**ئادرېسى** : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010

**ساتقۇچى** : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى

**باسقۇچى** : دىشىن باسما زاۋۇتى

**نەشرى** : 2005 ـ يىل 5 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى

**بېسىلىشى** : 2005 ـ يىل 5 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى

**ئۆلچىمى** : 850×1168م م. 32كەسلەم

**باسما تاۋىقى** : 2.625

**سانى** : 0001 ـ 3000

**باھاسى** : 4.50 يۈەن

# تەرجىمە قىلغۇچىدىن

نەسىرىددىن ئەپەندى دېگەن ئىسىمنى ئاڭلىغاندا مېيىقىدا كۈلۈپ قويمايدىغان كىشى بولمىسا كېرەك. گەرچە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا نەسرىددىن ئەپەندىم، ئۆزبېك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا خوجا نەسرىددىن، قازاق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئالدار كۇسا ۋە قوجا ناسىر... ۋە بەزى تۈركىي مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتىدا موللا نەسرىددىن دېگەندەك ئىسىملار بىلەن ئاتىلىدىغان بىردىنبىر قىزىقچى ئادەم ئوبرازى بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ مىللەتلەرنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدىن نەسرىددىن ئەپەندىم دېيىلىۋاتقان شەخس زادى كىم؟ قەيەرلىك؟ ئۇ قاچان، قايسى جايدا ياشىغان؟ نېمە كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان؟ دېگەندەك سوئاللارغا كىشىنى قايىل قىلغىدەك جاۋاب تاپقىلى بولمايدۇ.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بىرمۇنچە مىللەتلەر ئارىسىدا ھەر خىل ئىجتىمائىي ئورۇندا تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق بىردە قىزىقچى، گەپدان، بىردە ئەخمەق ياكى دانىشمەن، بەزىدە ياۋۇز ياكى رەھىمدىل، بەزىدە مۇغەمبەر ياكى ساددا، ھەتتا زالىم ياكى لىللا سىياقتا كۆپ خىل تەبىئەتلەرنى گەۋدىلەندۈرگەن بىر ئوبراز ئۇزاق ئەسىرلەردىن بېرى ياشاپ كەلمەكتە. شۇڭا، ھەر خىل مىللەتلەر فولكلورىدىكى ئەنئەنىۋى نەسرىددىن ئەپەندى ئوبرازلىرىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن بىر قىسمى ئوخشىشىپ كەتسە، بىر قىسمى ئۆز تۇرمۇش شارائىتىغا يارىشا ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئەھۋاللار بولۇپلا قالماي، ھەتتا، بۈگۈنكى دەۋردە بىرمۇنچە مىللەتلەرنىڭ يازما ئەدەبىياتىدىمۇ ئۆزىگە خاس مەزمۇن گەۋدىلەندۈرۈلمەكتە.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

مەسىلەن: ئۇيغۇر كىنوچىلىقىدا نەسرىددىن ئەپەندى ئوبرازىنى ۋاستە قىلغان بىرمۇنچە كىنو ۋە سىنئالغۇ نومۇرلىرى جامائەتچىلىك بىلەن كۆرۈشۈپ، خـەلـقـىـمـىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتتى. خەنزۇچە كىنو خەۋەرلىرىدە نەسرىددىن ئەپەندى ئوبرازى بىردە كونا زامان خۇراپىيلىقى بىلەن يېڭى زامان پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى سېلىشتۇرىدىغان ۋاستە قىلىنسا، بىردە ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەر خىل ساياھەت پائالىيەتلىرىگە كۆڭۈللۈك ھەمراھ بولماقتا. تەشۋىقات، ئېلان تـــاختىلىرىدىكى ئېشەك مىنىپ، دومبىسىگە خۇرجۇن ئارتىۋالغان نەسرىددىن ئەپەندى ئوبرازىنىڭ رولى تېخىمۇ كۆپ خىل بولماقتا.

"قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش" ئىمكانىيەتلىرى كەڭ بولغا قويۇلغان بۈگۈنكى دەۋردە، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشقا پايدىسى بولار، دېگەن مەقسەتتە، بۇنىڭدىن 100 يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان قازان ئۇنىۋېرسىتېتى باسمىخانىسىدا شەمسىددىن ھۈسەيىن ئوغلىنىڭ خىراجىتى بىلەن قازان ئەدەبىي تىلىدا بېسىلغان «لەتائىف خوۋاجە نەسرىددىن ئەپەندى» دېگەن بۇ كىتابنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتىم.

ئەسلى ئەسەرنىڭ ئىملاسى ۋە تىنىش بەلگىلىرى ھازىرقى دەۋردىكىدىن پـەرقلىق بولغاچقا، ئەسەرنىڭ چۈشىنىلىشى ۋە بەدىئىيلىكىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەربىر لەتىپىگە بىردىن كىچىك ماۋزۇ قويۇپ چىقتىم. شۇنىڭدەك، دىئالوگ ۋە ھازىرقى زامان تىنىش بەلگىلىرىنى ئىشلەتكەندىن باشقا مەزمۇنىنى ئۆزگەرتمەي، ئۆز ئەينى تەييارلىدىم. كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەرجىمىدە كۆرۈلگەن كەمچىلىك ۋە خاتالىقلارغا قارىتا تەنقىدىي تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1991-يىل 8-ئاي

# مۇندەرىجە


1. بىلگەنلەر بىلمىگەنلەرگە ئۆگەتسۇن ........ 1
2. شۈكۈر ئېيتىڭلار ........ 2
3. شەھەرنىڭ ھاۋاسى ........ 2
4. مۇنچىدىكى ئاۋاز ........ 3
5. توققۇز تەڭگە بولسىمۇ ........ 3
6. قەبرە ئادىمى ........ 4
7. قاتتىق شامالدا ........ 4
8. گۈزەل شەھەرنىڭ ھالۋىسى ........ 5
9. ئاينىڭ قىرىق بەشى ........ 5
10. يۇلتۇز ياسايدۇ ........ 6
11. خائىن تۆگە ........ 7
12. ئېلىم-بېرىمدە ئۆزىنى كۆرسىتىش ........ 7
13. قىسقا كىيىم ........ 8
14. بىر تەڭگىنى كەم بەرسەڭلار ........ 8
15. تاپتىم ........ 9
16. يۈزىنى قارا قىلايمۇ ........ 9
17. ئاي ئېلىپ، ئاي ساتقىنىم يوق ........ 9
18. شوتا ساتىمەن ........ 10
19. ماتەم تۇتۇۋاتىدۇ ........ 10
20. گۇناھىنى ئۆزى بىلىدۇ ........ 11

21. بەر كالىچىمنى ........ 11
22. ۋەسىيەت ........ 12
23. تۈگمىگەن تەرەت ........ 12
24. ئوغرى ئەمەستۇرمەن؟ ........ 13
25. يىقىلىپ چۈشمىسۇن دەپ ........ 13
26. شۇنچە مېكىيانغا بىر خوراز ........ 14
27. ئوغلىنىڭ ئاتىسىنىڭ قارىلىقى ........ 15
28. جازالانغان بۇلاق ........ 15
29. ئەتە قىيامەت بولسا ........ 15
30. ئۆزۈك كۆچۈرۈپ كەلدىڭ ........ 16
31. پارىسچە بېيىت ........ 17
32. ئىبادەتنىڭ كۈچى ........ 18
33. قازاننىڭ ئۆلۈمى ........ 18
34. ئوينىشىپ قويدۇم ........ 19
35. ئەمدى قۇشقا ئوخشىدىڭ ........ 20
36. شەھەرنىڭ سوقىچىسى ........ 20
37. ئۆردەك شورپىسىغا نان چىلاش ........ 21
38. ئۆزىنى سىناش ........ 22
39. ئارقانغا ئۇن بېسىش ........ 22
40. ئۆزۈممىكىن دەپتىمەن ........ 23
41. جاۋابكار خوراز ........ 23
42. ئۇ دۇنيادا ........ 24
43. قۇيرۇقى ئۈزۈلسە ........ 25
44. ئەپەندىمنىڭ ئۆلۈمى ........ 25
45. نېمە سۆيۈنچە بېرىسەن؟ ........ 26
46. مەن بىلمەسمەن ........ 27

47. ئايغا قاراش ........................ 27

48. بىرى كەم مىڭ ئالتۇن تەڭگە ........................ 28

49. يە تونۇم، يە ........................ 30

50. ھەر كۈنى بايرام بولسىچۇ ........................ 31

51. شۇنداق مەدھىيىلىمىگەن بولسام ........................ 31

52. بۇرادەر، سەن ئالما ........................ 33

53. مىننەت خۇداغا ........................ 33

54. ئېشەك بىلەن مەسلىھەتلىشىش ........................ 34

55. تاپ پېرىجەمنى ........................ 34

56. قاتتىق ھاڭىرساڭ ........................ 35

57. مەنمۇ بىلەتتىم ........................ 35

58. نۆشۈدۈر سۈرت ........................ 36

59. ماڭا ئىشەنمەمسەن ........................ 37

60. ئۆلۈمنىڭ بەلگىسى ........................ 37

61. بۆرىلەرنى قىينىما ........................ 38

62. يىراق يەردە ئەمەس ........................ 38

63. ھالۋا ئېلىپ يەڭلار ........................ 39

64. ئۈچ كىشىنىڭ سوئالىغا جاۋاب ........................ 39

65. ئۇرغانغا شۈكرى ئېيتىش ........................ 42

66. ئۇچىدىغان ئات ........................ 44

67. قاشاڭ ئات ........................ 44

68. ياشلىقى ئېسىگە كېلىپ قالسا ........................ 45

69. تۆمۈرلەڭ ھۇزۇرىدا ........................ 46

70. بىر پۇتلۇق غاز ........................ 47

71. ”ھەقىقەتچى“ قازى ........................ 48

72. چاپانغا كەلگەن ئاۋاز ........................ 49

73.خۇداغا شۈكرى، دېگىن ........................................ 50
74. ئەڭ توغرا مىنىش ........................................ 50
75. ئەقىللىق ئوغرى ........................................ 51
76. ئەمەلگە ئاشقان ئارزۇ ........................................ 52
77. گەپ قىلما ........................................ 52
78. خوتۇنۇمدىن سوراپ باق ........................................ 53
79. شۇم ئېغىزغا جاۋاب ........................................ 53
80. ئېھتىياتتىن ئېتىراز ........................................ 54
81. ئۇنىڭ ئۈستى بىزدىنمۇ كىر ........................................ 54
82. مەن سوراپ كۆرەي ........................................ 55
83. سىلەرنى سېغىنىپ ........................................ 56
84. يېرىم باشقا بىر تەڭگە ........................................ 56
85. بېلىق بولۇپ بېقىش ........................................ 57
86. دەرەخ ئۈستىدىن يول چىقىپ قالسا ........................................ 57
87. توشقان شورپىسىنىڭ شورپىسى ........................................ 58
88. يەرنى قانداق ھەيداشنى ئۆگىنىسەن ........................................ 59
89. پولۇنى كىم يېگەن بولسا... ........................................ 59
90. ئات تەتۈر تۇرۇپتۇ ........................................ 60
91. ھەمادنىڭ تەرى ........................................ 61
92. ئىسمىنى ئايۇپ قويماڭلار ........................................ 61
93. تاھارىتى يوق پۇت ........................................ 62
94. قاراڭغۇدا قانداق بىلەي ........................................ 62
95. ئەپەندىمنىڭ مۇچىلى ........................................ 63
96. مېنىڭ بىلەن ئارازلىق ........................................ 64
97. پاسىل ئۆتتۇنۇپ بېرىش ........................................ 64
98. گۇناھ چوڭدا ........................................ 65

99. ئەپەندىمنىڭ پۇل ساقلىشى ............ 65
100. ئەيىبكە بۇيرۇمايسىلەر ............ 67
101. ئاناڭنىڭ جاپاسىدىن ............ 67
102. ئاللا بەرسۇن ............ 68
103. ئۇيىنغىلى چىقىدۇ ............ 69
104. قىزىق شورپا ............ 69
105. ئەپەندىم ئۆيدە يوق ............ 70
106. ئۇغلىمىز ئەقىللىقتۇ ............ 71
107. مەسىنىڭ پېرىجىسى ............ 71
108. تىرىك ۋاقتىمدا ............ 72
109. يېرىمىغا قۇمۇچ تېرىيمەن ............ 73
110. يالغان گۇۋاھ ............ 73
111. ئاي ئورنىغا كەلدى ............ 74
112. بۇلبۇل ............ 75




此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

خەۋەرلەرنى رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە ئەسەرلەردىن نەقىل كەلتۈرگۈچىلەر (مۇسۇلمان تارىخچىلار) شۇنداق رىۋايەت ۋە ھېكايە قىلىدۇكى:

## 1. بىلگەنلەر بىلمىگەنلەرگە ئۆگەتسۇن

نەسرىددىن ئەپەندىم بىر كۈنى سۆز قىلىش ئۈچۈن سۇپىغا چىقىپ — ئەي مۆمىنلەر، مېنىڭ سىلەرگە نېمە سۆزلەيدىغانلىقىمنى بىلەمسىلەر؟، — دەپتۇ.

— بىلمەيمىز، — دەپتۇ كىشىلەر. ئەپەندىم:

— سىلەر بىلمىسەڭلار مەن سىلەرگە نېمىنى سۆزلەيمەن، — دەپتۇ-دە، سۆزلىمەي چۈشۈپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى ئەپەندىم يەنە سۇپىغا چىقىپ دەپتۇ:

— ئەي مۇسۇلمانلار، مېنىڭ نېمىنى سۆزلەيدىغانلىقىمنى بىلەمسىلەر؟

شۇندا كىشىلەر جاۋاب بېرىپ:

— بىلىمىز، — دېيىشىپتۇ. ئەپەندىم:

— سىلەر بىلگەندىكىن يەنە نېمىنى سۆزلەيمەن، — دەپتۇ-دە، سۇپىدىن چۈشۈپ كېتىپ قاپتۇ.

كىشىلەر ئەجەبلىنىپ، مەسلىھەت قىلىشىپتۇكى:

— ئەگەر بۇندىن كېيىن ئەپەندىم يەنە سۇپىغا چىقىدىغان بولسا، بەزىلىرىمىز بىلىمىز، بەزىلىرىمىز بىلمەيمىز، دەيلى.

بىر كۈنى ئەپەندىم سۇپىغا يەنە چىقىپ:

— ئـەي قـېـرىـنـداشـلار، مـېـنـىـڭ سـىـلـەرگـە نـېـمـە سۆزلەيدىغانلىقىمنى بىلەمسىلەر، — دېگەن ئىكەن، ئۇلار دەرھال:

— بەزىلىرىمىز بىلىمىز، بەزىلىرىمىز بىلمەيمىز، — دېگەن جاۋابنى بېرىپتۇ.

— نېـمـە دېگەن ياخشى، بىلگەنلىرىڭلار بىلمىگەنلىرىڭلارغا ئۆگىتىڭلار، — دەپتۇ-دە، ئەپەندىم سۇپىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ.

# 2. شۇكۇر ئېيتىڭلار

بىر كۈنى نەسرىددىن ئەپەندىم ئېيتىپتۇكى:

— ئـەي مـۇسـۇلـمـانلار! ، ئاللاتائالاغا شۇكۇر ئېيتىڭلار، چۈنكى، ئۇ دۆۋىلەرگە قانات بەرمىگەن. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بـولـسـا ئىدى، دۆۋىلەر ھويلا ۋە دېرىزىلىرىڭلارغا قونۇۋېلىپ، بېشىڭلارنى قايمۇقتۇرار ئىدى.

# 3. شەھەرنىڭ ھاۋاسى

نەسرىددىن ئەپەندى جاھان كېزىپ، بىر شەھەرگە بېرىپتۇ. بىر كۈنى سۇپىغا چىقىپ كىشىلەرگە:

— ئەي مۇسۇلمانلار، بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى بىلەن بىزنىڭ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ئوخشاش ئىكەن، — دەپتۇ. كىشىلەر:

— ئەي ئەپەندىم، بۇنى قانداق بىلدىڭىز، دېگەن ئىكەن:

— بىزنىڭ ئاق شەھەرنىڭ ئاسمىنىغا سېلىشتۇردۇم. ئۇندا قانچىلىك يۇلتۇز بولسا، بۇ يەرنىڭ ئاسمىنىدىمۇ شۇنچىلىك يۇلتۇز

بار ئىكەن، شۇنىڭدىن بىلدىم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## 4. مۇنچىدىكى ئاۋاز...

بىر كۈنى ئەپەندىم مۇنچىغا كىرىپتۇ. قارىسا، ئۆزىدىن باشقا ھېچ كىشى يوق ئىكەن. بۇ ئازادىلىككە خۇش بولۇپ، بىر تاشتا ئولتۇرۇپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ. بايقىسا، ئۆزىنىڭ ئاۋازى ناھايىتى يېقىملىق چىقىۋاتىقۇدەك. شۇندا ئۇ ئۆز-ئۆزىگە: "ئەپسۇسكى، مېنىڭ مۇشۇنداق خۇش ئاۋازىم بارلىقىنى تېخى خەلق ئاڭلاپ زوقلىنالمىدى"، — دەپتۇ ۋە مۇنچىدىن چىقىپ، بىر مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەزان ئېيتىشقا باشلاپتۇ. كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر كىشى ئۇنى كۆرۈپ، مەزگىلسىز ئەزان ئېيتىلىۋاتقانلىقىدىن ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ:

— ھەي نادان، نېمە ئۈچۈن مەزگىلسىز ئەزان ئېيتىسەن؟

— ئاھ، بىر خەيرلىك كىشى بۇ يەرگە بىر مۇنچا ياساتسا ئىدى، ئاۋازىمنىڭ يېقىملىقلىقىدىن بەھرىمەن بولار ئىدىڭلار، — دەپتۇ تۆۋەنگە قاراپ ئەپەندىم.

## 5. توققۇز تەڭگە بولسىمۇ...

بىر كېچىسى ئەپەندىمگە بىراۋ توققۇز تەڭگە پۇل بېرىۋاتقۇدەك. ئەپەندىم بولسا: "بەرگەندىكىن ئون تەڭگىگە توشقۇزۇپ بەر، توققۇز تەڭگىڭنى ئالمايمەن" دەپ تالىشىۋېتىپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا چۈشى ئىكەن. قولىدىمۇ ھېچ نەرسە

يوقمىش. ئەپەندىم دەرھال كۆزىنى يۇمۇۋاپتۇ-دە، قولىنى سوزۇپ:

— ئەپكەل، توققۇز تەڭگە بولسىمۇ ئالاي، — دەپتۇ.

# 6. قەبرە ئادىمى

ئەپەندىم يېزىغا چىقىپ كېتىۋاتقان ئىكەن. يىراقتىن بىر توپ ئاتلىقلار ئات چېپىشىپ كېلىۋاتقۇدەك. ئەپەندىم ئۇلارنى قاراقچىمىكىن، دەپ قورقۇپ، دەرھال كىيىملىرىنى سېلىپ، يالىڭاچ ھالەتتە بىر ئوچۇق گۆرگە كىرىپ يېتىۋاپتۇ. ئاتلىقلار ئەسلىدە ئەپەندىمنى كۆرۈپ قالغان ئىكەن. شۇڭا، ھېلىقى قەبرە يېنىغا كېلىپ:

— ئەي ئادەم! نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە ياتىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىشىپتۇ.

— مەن مۇشۇ قەبرىنىڭ ئادىمى ئىدىم. سىرتقا سەيلىگە چىقىپ كەلدىم، — دەپتۇ ئەپەندىم كۆزىنى ئاچمايلا.

# 7. قاتتىق شامالدا

ئەپەندىم بالا ۋاقتىدا بىر كۈنى باغچىغا كىرىپ، ئازراق ئۆرۈك ۋە ئالما ئۈزۈپ، بىر قىسمىنى يانچۇقىغا يەنە بىر قىسمىنى قوينىغا سېلىۋاتسا باغۋەن كېلىپ:

— بۇ باغدا نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دېگەن ئىكەن. ئەپەندىم:

— كېچىچە قاتتىق شامال چىققان ئىدى. شۇ شامال مېنى

ئۇچۇرۇپ كېلىپ بۇ يەرگە تاشلىدى، — دەپتۇ. باغۋەن:

— بۇ مېۋىلەرنى كىم ئۈزدى؟ — دېسە، ئەپەندىم:

— شامال قاتتىق بولغانلىقتىن، شاخقا يېپىشقان ئىدىم. شۇڭا قولۇمغا ئۈزۈلۈپ چىقىپتۇ، — دەپتۇ. باغۋەن تېرىكىپ:

— مېۋىلەرنى يانچۇققا كىم سالدى؟ — دېگەن ئىكەن، ئەپەندىم دەرھاللا:

— ھەببەللى، مەنمۇ ھازىرلا شۇنى ئويلاپ تۇرغان ئىدىم، سىزمۇ كېلىپ قالدىڭىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## 8. گۈزەل شەھەرنىڭ ھالۋىسى

ئەپەندىم يول يۈرۈپ، قونىيە دېگەن شەھەرگە بېرىپتۇ. قارىسا بىر ھالۋىچى ھەدەپ ئۆز شەھىرىنى ماختىغىلى تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا ئەپەندىممۇ ئۇنىڭ ھالۋىسىنى ئۈن-تىنسىز يېيىشكە باشلاپتۇ. ھالۋىچى:

— ھەي ئادەم، نېمىشكە پۇل بەرمەي يەۋېرىسەن؟ — دېگەن ئىكەن:

— مەن تېخى گۈزەل شەھەرنىڭ ھالۋىسىنى بىكارغا بېرەمدىكىن، دەپ قاپتىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم جاۋابەن.

## 9. ئاينىڭ قىرىق بەشى

بىر يىلى رامىزان ئېيى كەلگەندە، ئەپەندىم ئويلىنىپ: ”خەقنى دوراپ روزا تۇتۇپ، ماڭا نېمە ئاۋارىچىلىك، بىر كومزەك

ئەكىلىپ، ئۇنىڭغا ھەر كۈنى بىر تالدىن تاشنى سېلىۋەرسەم، تاش ئوتتۇزغا توشقاندا ھېيتنى ئوينىسام بولمىدىمۇ" دەپ پىلانلاپتۇ-دە، ھەر كۈنى كومزەككە بىردىن تاش سالغىلى تۇرۇپتۇ. ئەپەندىمنىڭ قىزى بۇ سىرنى چۈشەنمەي، كومزەككە بىر چاڭگال تاشنى سېلىپ قويۇپتۇ. روزىغا يىگىرمە بەش كۈن بولغاندا، ئەپەندىمنىڭ قوشنىسى:

— ئەپەندىم، ئايغا بۈگۈن قانچە بولغاندۇ، —دەپ سوراپتۇ.

— بىرئاز ساقلاپ تۇرۇڭ، قاراپ باقاي، دەپتۇ ئەپەندىم ۋە ئۆيىگە كىرىپ، كومزەكتىكى تاشنى سانىسا 120 تال تاش چىقىپتۇ. ئەپەندىم "ئەگەر بۈنىڭ ھەممىسىنى دېسەم، مېنى نادان دېيىشى مۈمكىن" دەپ ئويلاپ، ئۆيدىن چىقىپ:

— بۈگۈن ئايغا 45 كۈن بولۇپتۇ، —دەپتۇ. قوشنىسى:

— ھەي ئەپەندىم، بىر ئاي دېگەننىڭ ھەممىسى 30 كۈن بولمامدۇ، دېگەن ئىكەن:

— تېخى مەن ئىنساب بىلەن ئېيتتىم، —دەپتۇ ئەپەندىم بوش كەلمەي، ئەگەر كومزەكتىكى ھېساب بويىچە ئېيتسام، بۈگۈن ئايغا 120 كۈن بولغان بولىدۇ.

## 10. يۇلتۇز ياسايدۇ

بىر كىشى ئەپەندىمدىن:

— يېڭى ئاي چىققاندا، كونا ئاي قەيەرگە كېتىدۇ؟ —دەپ سورىغان ئىكەن:

— توغرايدۇ، دەپتۇ ئەپەندىم قولى بىلەن شەرەتلەپ، —(خۇدايىم) ئۇنى توغراپ، يۇلتۇز ياسايدۇ.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com